# 2195 - يېڭى مۇسۇلمان ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن ئىسلامى مەسئۇلىيەتلەرنى(پەرىزلەرنى)تولۇقلىمايدۇ .

## سۇئال

بىر ئادەم ئىسلامنى قوبۇل قىلدۇ ھەمدە ئۇ 40 ياشتا. ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن نامازلىرىنى تولۇقلىشى لازىممۇ ؟بىر ئادەم ئىسلامنى قوبۇل قىلدۇ ھەمدە ئۇ 40 ياشتا. ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن نامازلىرىنى تولۇقلىشى لازىممۇ ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئىسلامنى قوبۇل قىلغۇچى كاپىرلىق مەزگىللىرىدە ئۆتۈپ كەتكەن نامازلار ،روزا ، زاكاتنى تولۇقلىمايدۇ ، ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك :

**«(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ..»**

[ غەنىمەتلەر : 38 ]

ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)مۇنۇ سۆزى بار :

**« ئىسلام ئىلگىرى كىلىنگەن نەرسىلەرنى بىكار قىلىدۇ .»**( مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 121 ) ، شۇنىڭدەك ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)ئىسلامنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىلگىرى كاپىرلىق مەزگىللىرىدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئىسلام قائىدە-يوسۇنلىرىنى تولۇقلاشقا بۇيرىمىغان ، ھەمدە ئىسلام ئالىملىرى بۇ ھەقتە بىردەك .

دائىمىي كومىتېت فەتىۋالىرىدىن (6400 ).